# 68842 - پۇلنىڭ قىممىتى(نەرقى) ئۆزگەرسە، قەرزنى قانداق ئادا قىلىدۇ؟

## سوئال

مەن دوستۇمغا قەرز سەئۇدى رىيالى قەرز بەرگەن ئىدىم، قەرزنى قايتۇرىدىغان ۋاقىتتا مىسىر پۇلىنىڭ(جۇنەي)قىممىتى سەئۇدى پۇلىنىڭ(رىيالنىڭ)باراۋىرىدە بەك تۆۋەنلەپ كەتتى، دوستۇم ماڭا قەرزنى مەن ئۇنىڭغا پۇل بېرىپ تۇرغان ۋاقىتتىكى مىسىر پۇلىنىڭ رىيالنىڭ باراۋىرىدىكى قىممىتى بويىچە بېرىمەن دەيدۇ، ئۇ ۋاقىتتا مەن ئۇنىڭغا بەرگەن ئەسلى پۇل كېمىيىپ كېتىدىغانلىقى سەۋەبىدىن، مەن بۇنى رەت قىلىپ ئۇنىڭغا: قېرىندىشىم!: مەن ساڭا قەرز بەرگەندە قولۇڭغا سەئۇدى رىيالى بەردىم، سەنمۇ ماڭا ئەسلى بويىچە سەئۇدى رىيالى قايتۇرسەن، بەرگەن پۇل ئوخشاش بولىشى كېرەك، مەن پۇلۇمنى پايى قىلىشنىڭ ئورنىغا ساڭا قەرز بەردىم، ئەگەر مەن ھەر قانداق ھالال بىر ئىشقا پايى سالغان بولسام ماڭا پايدا كېلەتتى، مەن ساڭا ئالالاھ رازىلىقى ئۈچۈن قەرز بەردىم، ئالالاھ ساڭا ۋە تىجارىتىڭگە بەرىكەت بەرسۇن دىدىم، ئەمما ئۇ بۇنى رەت قىلدى، بۇنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟ مېنىڭ قەرزىمنى ئەسلى بويىچە سەئۇدى رىيالى بىلەن قايتۇرامدۇ؟ئەگەر قەرزنى سەئۇدى رىيالى بىلەن قايتۇرۇش كېرەك بولسا، ئەمما ئۇ بۇ پەتىۋانى قوبۇل قىلمىسا، ئالالاھنىڭ ھوزۇرىدا ئۇنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟، مېنىڭ پۇلۇمنى تولۇق تاپشۇرماي ئۇنىڭ زىممىسىدە قالغان قىسمىنى قىيامەت كۈنى ئالالاھنىڭ ئالدىدا تەلەپ قىلسام بولامدۇ؟ ئالالاھ ئەجرىڭلارنى بەرسۇن، بۇ مەسىلە توغرىسىدا پەتىۋا بېرىشىڭلارنى سورايمەن، چۈنكى قەرزنى قايتۇرۇش سىلەرنىڭ بېرىدىغان پەتىۋايىڭلارغا قاراشلىق بولۇپ قالدى؟. سىلەردىن ئالالاھ رازى بولسۇن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىم بولغان ئالالاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئالالاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

باشقىلاردىن قەرز ئالغان كىشى قەرزنى تاپشۇرىدىغان ۋاقىتتا قەرزنى ئالغان بويىچە قايتۇرۇشى كېرەك، ئۇنى قەرز ئالغان ۋاقىتتىكى قىممىتى بويىچە قايتۇرمايدۇ، بەلكى قەرزنى ئالغاندا، ھۆججەتكە مەن قەرزنى باشقا پۇل بىرلىكى بىلەن قايتۇرىمەن دىيىشىمۇ توغرا بولمايدۇ، شۇڭلاشقا قەرزنى سەئۇدى رىيالى بىلەن ئېلىپ، قايتۇرىدىغان ۋاقىتتا ئالغان ۋاقىتىدىكى قىممىتىنى ھېسابلاپ مىسىر پۇلى-جۇنەي- قايتۇرىشىمۇ توغرا بولمايدۇ، ئەگەر ئىككى پۇلنىڭ ئارىسىدىكى قىممەت پەرقىنى ئۆز رازىلىقى بىلەن بەرسە دۇرۇس بولىدۇ، مۇشۇنىڭغا ئاساسەن "پىقھى ئاكادېمىيىسى" ۋە نۇرغۇن تەتقىقاتچى ئۆلىمالاردىن پەتىۋالار ئوتتۇرىغا چىقتى.

مىلادىيە 1988-يىلى 10-دېكابىردىن 15-دېكابىرغىچە، ھىجرىيە 1409-يىلى بىرىنچى جىمادىۇل ئۇلادىن 6-جىمادىۇل ئۇلاغىچە كۇۋەيتتە ئۆتكۈزۈلگەن 5-قېتىملىق قۇرۇلتايدا: "ئىسلام پىقھى مەجمۇئەسى" كېڭىشىدە بىرلىككە كەلگەن، پۇل قىممىتىنىڭ ئۆزگىرىشى توغرىسىدىكى 42-نۇمۇرلۇق 4/5 قارارىدا: كېڭەش ئەزالىرى ۋە تەتقىقاتچى ئالىملارنىڭ پۇلنىڭ قىممىتىنىڭ ئۆزگىرىشى توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويغان تەتقىقاتى مۇزاكىرە قىلىنغان ۋە بۇ توغرىدىكى تالاش-تارتىشلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كېڭەشنىڭ 3-قېتىملىق قۇرۇلتايدىكى 21-نۇمۇرلۇق 9/3 قارارىدا، قەغەز پۇللار تولۇق نەخ پۇلنىڭ سۈپىتىدە ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن شەرىئەت ئەھكاملىرىدا ئالتۇن، كۈمۈش ئۈچۈن بېكىتىلگەن ھۆكۈملەر، جازانە، زاكات ۋە سەلەم قاتارلىق جەھەتلەردە بۇ قەغەز پۇللارغىمۇ بېكىتىلىندۇ. بۇ توغرىدا چىقىرىلغان قارار: مەلۇم پۇل بىرلىكى بىلەن بېكىتىلگەن قەرزنى ئادا قىلىشتا پۇلنىڭ قىممىتى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ بەلكى شۇ پۇلنىڭ ئوخشىشى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ، چۈنكى قەرز دېگەن ئۆزىنىڭ ئوخشىشى بىلەن ئادا قىلىنىدۇ، زىممىسىدە بېكىتىلگەن قەرزنى ئۇنىڭ مەنبىيى قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر ئۇنى باھا پەرقىگە چېتىش توغرا بولمايدۇ". "مۇجەممەئ ژۇرنىلى"5-سان 3-توم 1609-بەت.

شەيخ ئابدۇلئەزىز ئىبنى باز رەھىمەھۇللاھدىن: قېرىنداشىم ماڭا ئاللاھ يولىدا مىڭ دىنار تۇنىس پۇلى قەرز بەردى، بىز قەرز ھۆججىتىنى شۇ ۋاقىتتىكى گېرمانىيە پۇلىنىڭ قىممىتىدە يازدۇق، قەرز ئېلىپ مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن گېرمانىيە پۇلىنىڭ قىممىتى ئۆرلەپ كەتتى، مەن ھازىرقى ۋاقىتتا قەرزنى تاپشۇرسام ئەسلىدە ئالغاندىن قەرزدىن ئۈچ يۈز دىنار تۇنىس پۇلىنى ئارتۇق تۆلەيمەن، قەرز بەرگۈچىنىڭ مۇشۇنداق زىيادە ئېلىشى توغرىمۇ؟ ياكى ئۇ جازانە ھېسابلىنامدۇ؟ قەرز بەرگۈچى گېرمانىيىدىن ماشىنا سېتىۋالماقچى بولغانلىقى ئۈچۈن قەرزنى گېرمانىيە پۇلى بىلەن تۆلۈنىشىگە قىزىقىدۇ؟ دەپ سورالغاندا، شەيخ جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دېگەن: "ئاللاھ يولىدا قەرز بەرگۈچى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قەرز بەرگەن مىڭ دىنار تۇنىس پۇلىدىن باشقا پۇل ئېلىشى توغرا بولمايدۇ، پەقەت قەرز ئالغۇچى باھا قىممىتىنى ئويلاپ ئازراق زىيادە بەرسە دۇرۇس بولىدۇ، چۈنكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **«ھەقىقەتەن كىشىلەرنىڭ ياخشىلىرى قەرزنى چىرايلىق ئادا قىلغۇچىلاردۇر»** مۇسلىم ئۆزىنىڭ سەھىھ كىتابىدا رىۋايەت قىلغان، ئىمام بۇخارى: **«ھەقىقەتەن قەرزنى چىرايلىق ئادا قىلغۇچىلار ئىنسانلارنىڭ ياخشىلىرىدىندۇر»** دېگەن.

قەرز بەرگەندە يازغان ھۆججەتكە ئەمەل قىلىنمايدۇ، چۈنكى ئۇ شەرىئەتكە ئۇيغۇن بولمىغان ھۆججەتتۇر، شەرئى دەلىللەر قەرزنى ئادا قىلغاندا قەرز ئالغان ۋاقىتتىكى قىممىتىدىن ئارتۇق ئادا قىلىشنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ، لېكىن ھازىر زىكىر قىلىنغان ھەدىس بويىچە مۇكاپاتلاش ۋە ياخشىلىق قېلىش يۈزىسىدىن ئارتۇق بەرسە دۇرۇس بولىدۇ". ["ئىسلام پەتۋالىرى"2-توم 414-بەت].

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ سوئال سورىغۇچىنىڭ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سوئالىغا جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دېدى: "قەرزدار سىزگە قەرز بەرگەن دوللارنى قايتۇرۇشى كېرەك، شۇنداقتىمۇ ئىككىڭلار كېلىشسەڭلار

سىزگە مىسىر پۇلى بەرىسمۇ بولىدۇ، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز تۆگىنى دىرھەمگە سېتىپ، ئورنىغا دىنار ئالاتتۇق، دىنارغا سېتىپ دىرھەم ئالاتتۇق، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: **«ئىككىڭلارنىڭ ئارىسىدا بىر نەرسە بولسا، ئايرىلماستىن شۇ كۈنلۈك باھا بويىچە ئالسا بولىدۇ»** دېگەن، بۇ ئۆز جىنسىدىن بولمىغان نەخ سودا، بۇ ئالتۇننى كۈمۈشكە سېتىشقا ئوخشايدۇ، ئەگەر سىز ئۇنىڭ دوللارنىڭ ئورنىغا مىسىر پۇلى بېرىشىگە ئېھتىياج كەلسىڭىز، بۇنىڭ شەرتى سىز ئۇنىڭدىن مىسىر پۇلى بېرىشكە ئېھتىياج كەلگەن ۋاقىتتىكى قىممىتىدىن ئارتۇق جۇنەي ئالمىسىڭىز توغرا بولىدۇ، مەسىلەن: ئىككى مىڭ(2000) دوللار ھازىر ئىككى مىڭ سەككىز يۈز(2800)جۇنەيگە باراۋەر بولسا، سىزنىڭ ئۇنىڭدىن ئۈچ(3000)مىڭ جۇنەي ئېلىشىڭىز توغرا بولمايدۇ، لېكىن ئىككى مىڭ سەككىزيۈز جۇنەي ئالسىڭىزمۇ ياكى ئىككى مىڭ دوللار ئالسىڭىزمۇ بولىدۇ، شۇ كۈنلۈك باھادا ئالىسىز، ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئالسىڭىز توغرا بولمايدۇ، ئەگەر ئارتۇق ئالسىڭىز سىزنىڭ دائىرىڭىزگە كىرمىگەن نەرسىدىن پايدا ئالغان بولىسىز، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۆز دائىرىسگە كىرمىگەن نەرسىدىن پايدا ئېلىشنى چەكلىگەن. ئەگەر ئەسلىدىكى قەرزدىن ئاز ئالسىڭىز: ئۆز ھەققىڭىزنىڭ بەزىسىنى ئالغان بولىدىڭىز، قالغانلىرىدىن ئادا-جۇدا بولغان بولىسىز، بۇنداق قىلسىڭىزمۇ بولىدۇ". ["ئىسلام پەتىۋالىرى"2-توم 414-415-بەت].

ئىككى تەرەپنىڭ بىرى بۇ ھۆكۈمگە خىلاپلىق قىلسا، ئۇ كىشى ئىككى پۇلنىڭ قىممىتى  ئارىسىدىكى پەرقنى ئارتۇق ئالغان بولىدۇ، بۇ چەكلەنگەن ئىش بولۇپ، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَأْكُلُوا أَمْوَالَكُم بَيْنَكُم بِالْبَاطِلِ إِلَّا أَن تَكُونَ تِجَارَةً عَن تَرَاضٍ مِّنكُمْ وَلَا تَقْتُلُوا أَنفُسَكُمْ  إِنَّ اللَّهَ كَانَ بِكُمْ رَحِيمًا﴾ تەرجىمىسى: **«ئى مۆمىنلەر! بىر. بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى (ئوغرىلىق، خىيانەت قىلىش، بۇلاش، جازانىخورلۇق، قىمار ئويناش قاتارلىق) ناھەق يول بىلەن يەۋالماڭلار، ئىككى تەرەپ رازى بولۇشۇپ قىلىشقان سودا. سېتىق ئارقىلىق ئېرىشلگەن نەرسە بۇنىڭدىن مۇستەسنا. سىلەر ئۆزۈڭلارنى (يەنى بىر. بىرىڭلارنى) ئۆلتۈرمەڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر.»** [سۈرە نىسا 29-ئايەت].

ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.